# شى جىنپىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سودا ـ سانائەت رەھبەرلىرى سۆزلىشىش يىغىنىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈچىنچى، بىز ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قوزغىتىمىز. تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن، تېخىمۇ كۆپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئاللىقاچان دۇنيا ئىقتىسادى ۋە خەلقئارا سىستېما بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلدى. بىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشىمىز ھەرگىزمۇ بېكىنمە بولغان دۆلەت ئىچىدىكى يەككە ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشتۇر.

— يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، جۇڭگو بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى تولۇق قوزغىتىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياج يارىتىپ بېرىلىدۇ. بىز تاموژنا بېجى ۋە تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىپ، ئىمپورت سودىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر تۈركۈم ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت ئىمپورت قىلىشنى كېڭەيتىمىز.

— يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىلىدۇ. جۇڭگو سودا ۋە سېلىنمىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشقا داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش ئىجازىتىدىن ئىلگىرى دۆلەت پۇقراسىلىق مۇئامىلىگە پاسسىپ تىزىملىكنى قوشۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، مۇلازىمەت كەسپىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تەرتىپلىك كېڭەيتىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل بەرپا قىلىدۇ. ئەركىن سودا سىناق رايونىغا ئىسلاھاتتا تېخىمۇ چوڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىدۇ. كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى داۋاملىق قەتئىي قوللاپ، يەر شارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.

— يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، جۇڭگونىڭ تاشقى ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بىز خەلقئارا ئىش تەقسىماتىغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىڭىپ كىرىمىز. جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان دۆلەت، رايون، كارخانىلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرىمىز. بىز كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىيات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان بىزنىڭ ئورتاق يۇرت ـ ماكانىمىز. بۇلتۇر، مەن ئېچىۋېتىلگەن ـ سىغدۇرۇشچان، يېڭىلىق ياراتىدىغان ـ ئاشۇرىدىغان، ئالاقىنى راۋاجلاشتۇرىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىز تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئارزۇنى قەدەممۇ قەدەم رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان خەلقىگە بەخت يارىتىمىز.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇم ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ، غەلىبە جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ. بىز قول تۇتۇشۇپ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ـ تاشقى ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ۋە دۇنيانىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتايلى ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنەيلى!

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايون 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيىۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىشتىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ھەمدە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يېتەكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالاقىدار ئۆتكۈزۈشتىكى تەلەپ بويىچە مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ مۇشتەرى بولۇش خىراجىتىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزاق ئۈنۈملۈك مۇشتەرى بولۇش مېخانىزمى ئۇستىدە پائال ئىزدىنىپ، ھەم ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشى، ھەم پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ قاپلاش دائىرىسىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تارقىتىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ تارقىتىلىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن گېزىت ئوقۇش تاختىسى، ئوقۇش ئۆيى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ ياش پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە جەمئىيەت تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيىتى قاتارلىق مۇھىم ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ مۇھىم تەشۋىقات ماتېرىياللىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتىلىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش بىلەن «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش، چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، تەسىرلىك، جانلىق، ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان، ئەمەلىيەتكە يېقىن شەكىلدە ھەر مىللەت ئاممىغا ياخشى تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، گېزىت چىقىرىش، ژۇرنال چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەزمۇنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەزمۇننىڭ نوپۇزلۇقلۇقى، توغرىلىقى جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، تارقىتىش كۈچى، يېتەكلەش كۈچى، تەسىر كۈچى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. ئالاقە تورى تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قوشۇننى ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا ئومۇميۈزلۈك يۈزلەندۈرۈپ، پارتىيە ساداسىنىڭ تۈرلۈك تېرمىناللارغا بىۋاستە كىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

# ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شۆيۈەنى بىلەن ساھىبخانا شەھەر ئەسلەتمىسى ئىمزالىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شۆيۈەنى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا شۆيۈەنى دېيىلىدۇ) بىلەن ساھىبخانا شەھەر ئەسلەتمىسى ئىمزالىدى.

مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى زوۋ جىيايى، ئوتتۇرا ئاسىيا شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى سەيىد شاكىر شاھ سىنلىق سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ۋەن خېيچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

زوۋ جىيايى مۇنداق كۆرسەتتى: ئوتتۇرا ئاسىيا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا شۆيۈەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى 2030 ئىستراتېگىيەسى» ۋە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت تەلىپىنى داۋاملىق چۆرىدەپ، رايون ھەمكارلىقىغا مۇلازىمەت قىلىش كەسپىنى مەركەز قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك كەسپىي پائالىيەتلەرنى قاراتمىلىق ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ بىلىمدىن ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسىغا ئايلىنىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

سەيىد شاكىر شاھ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئوتتۇرا ئاسىيا شۆيۈەنى ئالدىنقى قاتاردىكى رايون ئاقىللار ئامبىرى سۈپەتلىك ماركىسنى تەرەققىيات نىشانى قىلغان بولۇپ، مەقسىتى بىلىم مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاقىللار ئامبىرى ئالماشتۇرۇشى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مېخانىزمى بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئىستراتېگىيەلىك ئۇدۇللاشتۇرۇش جەھەتتە بىلىمنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىكى كاتالىزاتورلۇق رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى ھەمكارلىق شۆيۈەنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشىغا يەنىمۇ كۈچ قوشىدۇ.

ۋەن خېيچۈەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئەسلەتمە ئىمزالاش جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا شۆيۈەنىنىڭ ھەمكارلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۆزئارا ھەمكارلىقنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شىنجاڭ شۆيۈەنىنى ھەر تەرەپلىمە مەدەت ۋە قولايلىق كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى سىستېمىلىق بايان قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەنگەن، نەزەر دائىرىسى چوڭ ۋە كەڭ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر، روشەن سىياسىي يۆنىلىش، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق، سەممىي خەلقچىل ھېسسىيات نامايان قىلىنغان بولۇپ، يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. بۇ قېتىمقى مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ باش تېمىسى مۇھىم، زور، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، ئەڭ مۇھىمى شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى تۈرتكە بولدى. بۇ جەرياندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەنى ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىلمىي، سىستېمىلىق ئىدىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە مۇھىم، زور سىياسىي ئەھمىيەتكە، نەزەرىيەۋى ئەھمىيەتكە، ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى تارىخنى رېئاللىق بىلەن تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارانى دۆلەت ئىچى بىلەن باغلاش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن يېڭى دەۋردە نېمە ئۈچۈن دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلىدۇ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قانداق يولغا قويۇش كېرەك قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى، بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۇھىم، زور نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى، ماركسىزملىق قانۇنچىللىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى، تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىدە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى تۈپتىن ئېيتقاندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدىن بولغان.

شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، بايانى چوڭقۇر، لوگىكىسى پۇختا، سىستېمىسى مۇكەممەل. ئۇنىڭ ئاساسىي تەرىپىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دەل باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇپەسسەل يىغىنچاقلانغان «11دە چىڭ تۇرۇش»: پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا چىڭ تۇرۇش؛ دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ قانۇنچىللىق يولىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش؛ دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنچىللىق بىلەن چەت ئەلگە چېتىشلىق قانۇنچىللىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان يۇقىرى ساپالىق قانۇنچىللىق خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لارنى چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ «11دە چىڭ تۇرۇش» ھەم مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى، ھەم مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيە، بىز جەزمەن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

بارلىق ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنىڭ ھەممىسى ئىلمىي نەزەرىيەنىڭ توغرا يېتەكلىشىگە موھتاج. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئاساسىي روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، خىزمەت تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى، مۇھىم ئورنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى، مۇھىم، زور مۇناسىۋىتى، مۇھىم كاپالىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**